# رامىزان ئېيى — نىجاتلىق ۋە غەلىبە ئېيىدۇر

www·islamyoli·net

**— ئىسلامدا بۇيرۇلغان ئىبادەتلەر نېمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟**

— ئىسلام دىنىدىكى ئىبادەتلەرنىڭ دائىرىسى ئىنتايىن كەڭدۇر. ئىبادەت، بىرىنچىدىن، ئىسلام دىنىنىڭ ھەممىنى ۋە ھاياتلىقنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئىنسانىنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىبادەت دېمەك، ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ھەر قانداق سۆز، ھەرىكەت ۋە قەلبنىڭ ئەمەللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر چۈشەنچىدۇر.

ناماز، روزا، زاكات، ھەج، راست سۆزلەش، ئامانەتنى ئادا قىلىش، ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، تۇغقانلارغا مېھرىبان بولۇش، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، بالىلارنى ياخشى بېقىش، ئۇلارنى ئوقۇتۇش، تەربىيىلەش ۋە ئۇلارغا ئىسلام ئەھكاملىرىنى بىلدۈرۈش، باشقىلارنى ياخشىلىقلارغا بۇيرۇش، يامانلىقلاردىن توسۇش، خوشنىلارغا، ئاجىزلارغا ياخشىلىق قىلىش، مېھماننى ھۆرمەتلەش، ھايۋانلارغا رەھىم قىلىش، «قۇرئان» ئوقۇش، ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش، ئاللاھ تائالانى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى دوست تۇتۇش، ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە ئۇچراشتىن ھەزەر قىلىش، ئۇنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىد كۈتۈش، بالا ـ قازالارغا سەبىر قىلىش، كىشىلەرگە ئىلىم ـ مەرىپەت ئۆگىتىش، ھەقنى قوللاش، ھەقسىزلىقكە قارشى تۇرۇش، كىشىلەرگە ياخشى مۇئامىلىدە بولۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىبادەت قاتارىغا كىرىدۇ. دېمەك، ئىبادەت كىچىك بىر ئائىلە ئىشىدىن باشلاپ دۆلەت ئىشلىرىغىچە بولغان بارلىق ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دېمەك دىن — ئىبادەتتۇر.

كۆپلىگەن كىشىلەر «ئىبادەت» سۆزىدىن پەقەت ناماز، روزا زاكات، ھەج، «قۇرئان» ئوقۇش، سەدىقە بېرىش، ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش قاتارلىقلارنىلا چۈشىنىدۇ. ئۇلار «ئىبادەت» سۆزىنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاق، مۇئامىلات، قائىدە- يوسۇن، ئۆرپ ـ ئادەت، قانۇن ـ سىياسەت ۋە باشقىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى ياخشى چۈشەنمەيدۇ. ئىبادەت ھەرگىزمۇ مۇنداق تار دائىرىدە چەكلىنىپ قالمايدۇ. بۇ خىل ئىبادەتلەرنى بەجا كەلتۈرگەن كىشى ئىسلام دىنىدا بۇيرۇلغان ئىبادەتلەرنىڭ ھەممىسىنى بەجا كەلتۈرگەن بولۇپ ھېسابلانمايدۇ. بەلكى بۇ ئىبادەتلەر ئىسلامدىكى مەشھۇر چوڭ ئىبادەتلەر بولسىمۇ، يەنىلا ئاللاھ تائالا بۇيرىغان ئىبادەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەمەس، بەلكى بىر قىسمىدۇر. شۇڭا ئىسلام دىنىدا ئىبادەتنىڭ چېكى يوقتۇر، ئاللاھ تائالاغا ياقىدىغان بارلىق ياخشى ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئىبادەتتۇر.

**— رامىزان ئېيىنىڭ باشقا ئايلارغا قارىغاندا قانداق ئۇلۇغلۇقى بار؟**

— رامىزان ئېيىنىڭ باشقا ئايلارغا نىسبەتەن ئۇلۇغلۇق تەرەپلىرى ۋە ئارتۇقچىلىقى ناھايىتى كۆپتۇر. تۆۋەندە بىر قانچىسىنى بايان قىلىمەن:

1 - رامىزان ئېيى «قۇرئان» بىلەن شەرەپلەنگەن ئەڭ مۇبارەك ئايدۇر. رامىزان ئېيى بارلىق ئايلارنىڭ كاتتىسى ۋە ئەڭ شەرەپلىكىدۇر، چۈنكى ساماۋىي كىتابلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى ۋە ھىدايەتنىڭ بىردىنبىر

مەشئىلى بولغان «قۇرئان كەرىم»نىڭ نازىل بولۇشقا (يەنى چۈشۈشكە) باشلىنىشى رامىزان ئېيىدا ئەمەلگە ئاشقان. ھەقىقەتەن «قۇرئان كەرىم»نىڭ نازىل بولغانلىقى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئىنسانىيەتكە بېغىشلانغان ئەڭ بۈيۈك نېمەتنىڭ تاماملانغانلىقى ئىدى. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: «رامىزان ئېيىدا «قۇرئان كەرىم» نازىل بولۇشقا باشلىدى، «قۇرئان كەرىم» ئىنسانلارغا يېتەكچىدۇر، ھىدايەت قىلغۇچى ۋە ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىغۇچى روشەن ئايەتلەردۇر.» [بەقەرە سۈرىسى 185-ئايەت]

رامىزان ئېيى ئاللاھ تائالانىڭ كالامى بولغان «قۇرئان كەرىم»نىڭ نازىل بولۇشى بىلەن شەرەپلەندۈرۈلگەن ئالاھىدە بىر ئاي بولغاچقا ئۇنىڭ باشقا ئايلاردىن شەرەپلىك، بەرىكەتلىك ۋە ئۇلۇغ بولۇشى تەبىئىيدۇر. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە «بەندىلەر ئەگەر رامىزان ئېيىدىكى ياخشىلىقلارنى بىلسە ئىدى، مېنىڭ ئۇممىتىم يىلنىڭ ھەممە ئېيىنىڭ رامىزان بولۇشىنى ئارزۇ قىلغان بولاتتى»دېگەن. (تەبەرانىي رىۋايىتى)

2 - رامىزان ئېيى قەدىر كېچىسى بىلەن شەرەپلەنگەن ئايدۇر. مىڭ ئايدىن خەيرلىك بولغان قەدىر كېچىسىنىڭ رامىزان ئېيىغا بەلگىلەنگەنلىكى بۇ ئاينىڭ شەرەپ ئۈستىگە شەرەپ قازانغان ئەڭ قەدىرلىك ئاي بولۇشىغا يېتەرلىكتۇر. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: «قەدىر كېچىسى (شەرەپ ۋە پەزىلەتتە) مىڭ ئايدىن ئارتۇقتۇر.» [قەدىر سۈرىسى 3 – ئايەت]

3 - رامىزان ئېيى مۇكاپات ئېيىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىس قۇدسىدا ئاللاھ تائالانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئىنسان ئوغلىنىڭ پۈتۈن ئەمەللىرى ئۆزى ئۈچۈن بولۇپ، پەقەت ئۇنىڭ تۇتقان روزىسى مېنىڭ ئۈچۈندۇر، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى ئۆزەملا بېرىمەن.» (بۇخارىي رىۋايىتى)

بۇ ھەدىستىكى: «ئۇنىڭ تۇتقان روزىسى مېنىڭ ئۈچۈن» دېگەن ئىبارە ئاللاھ تائالانىڭ روزىغا ھاجىتى بولغانلىقىنى ئىپادىلىمەيدۇ. بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە روزىنىڭ قەدىر - قىممىتىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ مۇكاپاتىنىڭ ئالاھىدە پەرقلىق ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى روزا تۇتقان كىشىنىڭ ئەھۋالىنى (يەنى روزا تۇتقان ياكى تۇتمىغانلىقىنى) پەقەت ئاللاھ تائالا ئۆزىلا بىلىدۇ. ئەمما روزىدىن باشقا ئىبادەتلەرنى باشقىلارمۇ كۆرىدۇ، شۇڭا بەزى كىشىلەر بۇ ئىبادەتلەرنى رىيا(باشقىلارغا كۆرسىتىش) ئۈچۈنمۇ قىلىدۇ. لېكىن روزىدا رىيا يوقتۇر. شۇڭلاشقا روزا ئاللاھ تائالا ئۈچۈندۇر. يەنە بىر رىۋايەتتە ئاللاھ تائالانىڭ ھەدىس قۇدسىدا مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنغان: «روزا تۇتقان كىشى يېمىكىنى، ئىچمىكىنى ۋە جىنسىي ھەۋسىنى مېنىڭ ئۈچۈن (يەنى مېنىڭ رازىلىقىمغا ئېرىشىش ئۈچۈن) تەرك ئېتىدۇ، شۇڭا روزا تۇتقانىنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىش ماڭا خاستۇر، بىر ياخشىلىققا ئون ھەسسە ساۋاب بېرىمەن.» (بۇخارىي رىۋايىتى)

4 - رامىزان ئېيى مەغپىرەت ئېيىدۇر. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى رامىزان روزىسىنى چىن ئىمانى بىلەن، ئاللاھ تائالادىن ساۋاب كۈتۈش مەقسىتىدە تۇتىدىكەن، ئۇنىڭ بۇرۇن قىلغان گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ.» (بۇخارىي رىۋايىتى)

بۇ ھەدىستىكى: «ئىمانى بىلەن» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى: ئاللاھ تائالانىڭ روزا تۇتقان بەندىلىرىگە ئاتا قىلىدىغان ئەجىر ۋە ساۋابلار ھەققىدە قىلغان ۋەدىسىگە چىن ئىشەنگەن ھالدا روزا تۇتسا، دېگەنلىكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «بەش ۋاخ ناماز، جۈمەدىن جۈمەگىچە، رامىزاندىن رامىزانغىچە بولغان ۋاقىتلار گۇناھلارنى يوققا چىقىرىدىغان ۋاقىتلاردۇر، ئەگەر چوڭ گۇناھلاردىن ساقلىنىلسا.» (مۇسلىم رىۋايىتى). چوڭ گۇناھلار ـــ ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش، ئاتا ـ ئانىنى قاخشىتىش، يالغان گۇۋاھلىق بېرىش، زىنا قىلىش، ھاراق ئىچىش ۋە باشقىلاردۇر. بۇ ھەدىستىن شۇ مەنە چىقىدۇكى، بەش ۋاخ نامازنى ۋە جۈمە نامازلىرىنى ۋاقتىدا، دۇرۇس ئاداقىلىدىغان، رامىزان روزىسىنى تۇتىدىغان كىشى ئەگەر چوڭ گۇناھلاردىن ساقلىنالىسا ئۇنىڭ كىچىك گۇناھلىرى بۇ ئىبادەتلەرنىڭ يۈزىسىدىن كەچۈرۈم قىلىنىپ تۇرىدۇ، دېگەنلىكتۇر. بۇ ھەدىس ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىنى تەكىتلىمەكتە: «ئەگەر سىلەر مەنئى قىلىنغان چوڭ گۇناھلاردىن ساقلانساڭلار كىچىك گۇناھلىرىڭلارنى يوققا چىقىرىمىز ۋە سىلەرنى ئېسىل جەننەتكە كىرگۈزىمىز.» [نىسا سۈرىسى 31 ـ ئايەت]

5 ـ رامىزان ئېيى بەرىكەت ئېيىدۇر. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بەرىكەتلىك رامىزان ئېيى سىلەرگە يېتىپ كەلدى، بۇ ئايدا ئاللاھ تائالا سىلەرنى رەھمەت ۋە مەغپىرەت بىلەن قارشى ئالىدۇ، خاتالىقلىرىڭلارنى ئەپۇ قىلىدۇ، دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلىدۇ، بۇ ئايدا ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ ياخشى ئەمەللەرگە بەس ـ بەستە ئالدىرىشىڭلارغا نەزەر سالىدۇ، پەرىشتىلەر سىلەردىن پەخىرلىنىدۇ، بۇ ئايدىكى ئاللاھ تائالانىڭ ئىنئاملىرىغا ئېرىشىشكە ئالدىراڭلار! ھەقىقىي بەختسىز ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئايدىكى رەھمەتلىرىدىن مەھرۇم قالغان كىشىدۇر.» (ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى)

ھەقىقەتەن رامىزان ئېيى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مەنىۋى مول ھوسۇل ئېيىدۇر. تېنى ساق تۇرۇپ رامىزان روزىسىنى تۇتماي بۇ مۇبارەك ئاينىڭ بەرىكەتلىرىدىن بەھرىمەن بولالمىغان، نەتىجىدە گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنمىغان ئادەمدىنمۇ بەختسىز ئادەم بولامدۇ؟!

مەلۇمكى رامىزان ئېيى رەھمەت ۋە مەغپىرەت ئېيىدۇر. ئىنسان مۇشۇ ئاينى غەنىمەت بىلىپ ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىش ئارقىلىق گۇناھلاردىن پاكلانمىسا، باشقا قايسىبىر ئايدا بۇ ئايدىكىچىلىك ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيدۇ ۋە گۇناھلىرىنى يۇيالايدۇ؟!

6 ـ رامىزان ئېيى نىجاتلىق ئېيىدۇر. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئاللاھ تائالا يولىدا بىر كۈن روزا تۇتىدىكەن، ئاللاھ تائالا بۇ كۈننىڭ يۈزىسىدىن ئۇ كىشىنى دوزاختىن يەتمىش يىللىق مۇساپىگە ئۇزاقلاشتۇرىدۇ.» (بۇخارىي رىۋايىتى).

ئەرەپ تىلىدا «يەتمىش» ۋە «يەتتە» سانلىرى كۆپلۈك ۋە كامالەتنى ئىپادىلەيدۇ. خۇددى ئۇيغۇرتىلىدا «توققۇزى تەل بولدى» ۋە «توقسىنى تولدى» دېگەن ئىبارىلەردىكى «توققۇز» ۋە «توقسان» سانلىرى كامالەتنى ۋە كۆپلۈكنى ئىپادىلىگەندەك، بۇ ھەدىستىكى «يەتمىش» كۆپلۈكنى ۋە مەڭگۈلۈكنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنىڭغا بىنائەت، بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى، ئاللاھ تائالا يولىدا بىر كۈن روزا

تۇتقان كىشى دوزاختىن مەڭگۈ ئۇزاق قىلىنىدۇ، دېگەنلىكتۇر. مانا بۇ ھەدىس ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىنى تەكىتلىمەكتە: «بىز تەرەپتىن بېرىلگەن بەخت ـ سائادەتكە تېگىشلىك بولغانلار دوزاختىن يىراق قىلىنىدۇ.» [ئەنبىيا سۈرىسى 101 – ئايەت]

7 ـ رامىزان ئېيى شەيتانلار باغلىنىدىغان ئايدۇر. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «رامىزان ئېيى كىرىشى بىلەن جەننەتنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىدۇ، دوزاخنىڭ ئىشىكلىرى تاقىلىدۇ، شەيتانلار باغلىنىدۇ.» (بۇخارىي رىۋايىتى)

بۇ ھەدىستىكى «شەيتانلار باغلىنىدۇ» دېگەن ئىبارە رامىزان ئېيىنىڭ شارائىتى بىلەن شەيتانلارنىڭ ئىنسانلارنى ئازدۇرۇش كۈچى ئاجىزلىشىدىغانلىقىنى ۋە كىشىلەرنىڭمۇ بۇئايدا شەيتانىي ھەۋەسلەرگە ئالدانمايدىغان تەقۋالىقتا ھەم چىن ئىرادىگە ئىگە بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

8 ـ رامىزان ئېيى جەننەتنى قازىنىش ئېيىدۇر. سەھل ئىبنى سائىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «جەننەتتە رەييان (ئۇسسۇزلۇق ھېس قىلىنمايدىغان) ئىسىملىك بىر ئىشىك بار بولۇپ، روزا تۇتقۇچىلار قىيامەت كۈنى بۇ ئىشىكتىن كىرىدۇ، قىيامەت كۈنىدە، روزا تۇتقانلار قېنى؟ دېيىلىدۇ ۋە روزا تۇتقۇچىلار توپلىشىپ بۇ ئىشىكنىڭ ئالدىغا كېلىشىدۇ. ئاندىن ئۇلار بۇ ئىشىكتىن جەننەتكە كىرىدۇ. ئۇلاردىن باشقا ھېچكىم بۇ ئىشىكتىن كىرەلمەيدۇ. ئۇلار كىرىپ بولغاندىن كېيىن بۇ ئىشىك يېپىلىدۇ» (بۇخارىي رىۋايىتى)

مانا بۇ، بۇدۇنيادا ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىنى تۇتۇپ روزا تۇتقان كىشىلەرگە ئاخىرەتتە بېرىلىدىغان كاتتا ئىنئاملارنىڭ بىرىدۇر. چۈنكى ئۇلار بۇدۇنيادا روزا تۇتۇش جەريانىدا ئۇسسۇزلۇق ۋە ئاچلىق دەردى چەككەنلىكى ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى ئالاھىدە پەرقلىق مۇكاپاتلىشى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس.

9 ـ رامىزان ئېيى دۇئالار ئىجابەت بولىدىغان ئايدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۈچ خىل كىشىنىڭ دۇئاسى رەت قىلىنمايدۇ: روزا تۇتقان كىشىنىڭ ئىپتار ۋاقتىدا قىلغان دۇئاسى، ئادالەتلىك پادىشاھنىڭ ۋە زۇلۇمغا ئۇچرىغان كىشىنىڭ دۇئاسى.» (ئىبنى ماجە رىۋايىتى)

10 ـ رامىزان ئېيىدا قىلىنغان ئۆمرە ھەج قىلغانغا تەڭدۇر. رامىزان ئېيىنىڭ شارائىتى ۋە ئۇلۇغلىقىدىن بۇئايدا ئادا قىلىنغان ئۆمرە خۇددى ھەج پەرزىنى ئادا قىلغانغا ئوخشاش ساۋابلىقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «رامىزان ئېيىدا ئادا قىلىنغان ئۆمرە (ساۋاب جەھەتتە) ھەج قىلغانغا ئوخشاشتۇر.» (بۇخارىي رىۋايىتى)

**ــــ قانداق كىشىلەردىن روزا كەچۈرۈم قىلىنىدۇ؟**

ــــ مۇساپىرلاردىن، كېسەل بولۇپ، روزا تۇتسا كېسىلى تېخىمۇ يامانلىشىپ كېتىدىغان بىمارلاردىن، بالا ئېمىتىدىغان ئاياللاردىن، ياشىنىپ قالغانلىقتىن روزا تۇتسا ئۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان قېرى كىشىلەردىن كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. مۇساپىرلار يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن، بالا ئېمىتىدىغان ئاياللار باللىرىنى ئەمچەكتىن ئايرىغاندىن كېيىن، بىمار ساقايغاندىن كېيىن، تۇتالمىغان رامىزان روزىسىنىڭ قازاسىنى بىر كۈنگە بىر كۈندىن تۇتۇپ ئادا قىلىدۇ. ئەمما ياشىنىپ قالغانلىقتىن روزا تۇتالمىغان ئادەم بىلەن كېسەل ئادەم تۇتالمىغان رامىزان روزىسىنىڭ ھەر بىر كۈنى ئۈچۈن بىر پىقىر تويغۇدەك مىقداردا فىديە (ماددىي بەدەل) بېرىش ئارقىلىق ئۆستىدىكى روزىنى ئادا قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇھەقتە مۇنداق

دەيدۇ: «روزىنى (قېرىلىق ياكى ئاجىزلىق تۈپەيلىدىن مۇشەققەت بىلەن) ئاران تۇتىدىغان كىشىلەر تۇتمىسا، (كۈنلۈكى ئۈچۈن) بىر پېقىر تويغۇدەك فىدىيە بېرىشى لازىم.» [بەقەرە سۈرىسى 184 – ئايەت]

ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىپە مۇنداق دېگەن: «ھامىلدار ۋە بالا ئېمىتىدىغان ئاياللار ئەگەر روزا تۇتمىسا، ئۇلار قازاسىنى كېيىن تۇتىدۇ. فىدىيە بېرىشى لازىم كەلمەيدۇ» («ئەل ئىختىيار» دىن)

ئىبنى قۇدامە مۇنداق دېگەن: «قېرىلىقتىن، ئاجىزلىقتىن ياكى كېسەللىكتىن روزا تۇتمىغان كىشى ئەگەر شىپا تېپىشىدىن ئۈمىدسىز بولسا، تۇتمىغان ھەر بىر كۈنى ئۈچۈن بىر مىسكىن تويغۇدەك مىقداردا فىدىيە تۆلەيدۇ» («ئەلمۇغنىي» دىن)

يوقىرىقىلاردىن باشقا ھەر قانداق ئۆزۈرلەر كىشىنى روزا تۇتۇشتىن توسالمايدۇ.

**— زاكات ھەققىدە ئېيتىپ ئۆتسىڭىز؟**

— زاكات ھەر قانداق مۇسۇلمان، ئاقىل، بالىغ، قەرزدار بولمىغان، ئۆزىنىڭ ئائىلە ئېھتىياجىدىن تاشقىرى 85 گرام ئالتۇن قىممىتىدە پۇل ـ مالغا ئىگە بولغان كىشىلەرگە پەرزدۇر. زاكات بىر يىلدا بىر قېتىم بېرىلىدۇ. زاكات بېرىشتە كىشىنىڭ ئۆز ھاجىتىدىن تاشقىرى پۇل ـ مالغا ئىگە بولغانلىقىغا بىر يىل توشۇشى شەرت. زاكات مۇسۇلمانلاردىن بولغان پېقىرلارغا، يېتىملەرگە ۋە باشقا ئېھتىياج ئىگىلىرىگە بېرىلىدۇ.

**— روزا تۇتقان كىشىنىڭ كۈندۈزى يۇيۇنۇشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە جىسمىغا قوللانغان تاشقى دورىلار روزىنى بۇزامدۇ؟**

— ئىسلام دىنى پاكلىق دىنى، پاكىزلىق ئىماننىڭ جۈملىسىدىن سانىلىدۇ. مۇسۇلمان كىشى ھەر ۋاقىت پاكىز، خۇشپۇراق يۈرۈشى ئىسلام دىنىدا بۇيرۇلغان بىر ياخشى ئىشتۇر. جۇنۇپ بولغان ئادەمنىڭ يۇيۇنۇشى پەرزدۇر. بەدىنى كىر بولمىغان بولسىمۇ، يۇيۇنمىغىنىغا ئۇزاق ۋاقىت بولۇپ قالغان ياكى تەردىن كىرلەشكەن كىشىنىڭ يۇيۇنۇشى ساۋابلىق ئىش. رامىزاندا روزا تۇتقان كىشىنىڭ كۈندۈزى قايسىبىر سەۋەبلەر بىلەن يۇيۇنۇشى ئۇنىڭ روزىسىنى بۇزمايدۇ. ئىمام مالىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رامىزان كۈندۈزىدە ئۇسسۇزلۇقتىن ۋە كۈننىڭ ئىسسىقلىقىدىن بېشىغا سۇ قۇيۇپ يۇيۇنغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رامىزاندا كۈندۈزى يۇيۇنىدىغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىسلەرگە ئاساسەن، رامىزاندا بولسۇن ياكى باشقا كۈنلەردە بولسۇن روزا تۇتقان كىشىنىڭ كۈندۈزى يۇيۇنۇشى ئۇنىڭ روزىسىنى بۇزمايدۇ.

شۇنداقلا، ئېغىز، بۇرۇن ۋە جىنسىي ئورگانلاردىن باشقا جايلارغا دورا قويۇش ۋە سۈركەشلەرمۇ روزىنى بۇزمايدۇ. شۇنىڭدەك روزا تۇتقان ئايال كىشىنىڭ كۆزلىرىنى بويىشى، ئەر ـ ئايال ھەر قانداق كىشىنىڭ ئەتىر ۋە خۇشپۇراقلارنى ئۆزلىرىگە چېچىشلىرى، سۈركەشلىرى روزىسىنى بۇزمايدۇ. مەسىلەن: كۆزىگە دورا قويۇش بىلەنمۇ روزا بۇزۇلمايدۇ. ئىمام ئىبنى تەيمىيەنىڭ پەتىۋاسىغا ئاساسەن، روزا تۇتقان كىشىنىڭ كۈندۈزى قۇۋۋەتلىنىش ئۈچۈن ئەمەس، داۋالىنىش ئۈچۈن ئوكول سالدۇرۇشىمۇ روزىسىنى بۇزمايدۇ. شۇنداقلا بەدەننى مەلھەم ۋە مايلار بىلەن ياغلاشمۇ روزىنى بۇزمايدۇ.

**— روزا تۇتۇشنىڭ ئىنسان ئۈچۈن پايدىلىق تەرەپلىرى قايسىلار؟**

— ئىسلام دىنىدا بۇيرۇلغان ئىبادەتلەر ھېچقانداق مەنپەئەت ۋە دۇنيالىق پايدىنى كۆزلىمەستىن، پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈنلا قىلىنىدۇ. شۇنداقتىمۇ ھەر قانداق ئىبادەتنىڭ ئاخىرەتلىك ۋە بۇ دۇنيالىق پايدىلىرى بار. مەسىلەن، نامازنىڭ ئاساسىي مەقستى ۋە ئاخىرەتلىك پايدىسى ئاللاھ تائالاغا بەندىچىلىكنى ئەمەلى ھەرىكەتلەر بىلەن ئىپادىلەش ۋە ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «مېنى ياد ئېتىش ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن» نامازنىڭ بۇ دۇنيالىق پايدىلىرى بولسا ئۇنىڭ كىشىنى يامان، قەبىھ ئىشلاردىن توسىشى ۋە گۆزەل ئەخلاقلار بىلەن زىننەتلىشىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ناماز ھەقىقەتەن قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ.» ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش نامازنىڭ ئاخىرەتلىك پايدىسى بولسا، يامان ئىشلاردىن ناماز ئارقىلىق توسۇلۇش ئۇنىڭ بۇ دۇنيالىق پايدىلىرىدىندۇر. چۈنكى يامان، قەبىھ ئىشلاردىن ساقلانغا ئادەم ھاياتىنى تەھدىدلەردىن ۋە خەتەرلەردىن ساقلاپ قېلىپ، خاتىرجەم ئۆمۈر سۈرىدۇ. روزىنىڭمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ئاخىرەتلىك ۋە دۇنيالىق پايدىلىرى بار. روزىنىڭ ئاخىرەتلىك پايدىسى ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈش ئارقىلىق گۇناھلاردىن ساقلىنىش نەتىجىسىدە جەننەتنى قازىنىش بولسا، روزىنىڭ بۇ دۇنيالىق پايدىلىرى ئىنتايىن كۆپتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر (گۇناھلاردىن)ساقلىنىشىڭلار (ۋە تەقۋالىق دائىرىسىگە كىرىشىڭلار) ئۈچۈن سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە روزا پەرز قىلىنغىنىدەك سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى.» دېمەك گۇناھلاردىن ساقلىنىش جەننەتكە كىرىشنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر. روزىنىڭ ئاخىرەتلىك ۋە بۇدۇنيالىق پايدىلىرى توغرۇلۇق «روزىنىڭ ھېكمەتلىرى كۆپ»سەرلەۋھىلىك سۆھبىتىمىزدە تەپسىلىي توختالدۇق.

**— روزا ۋاقتىدا بولسۇن ياكى باشقا ۋاقتتا بولسۇن باش كىيىمسىز ناماز ئوقۇسا بولامدۇ؟**

— ئىسلام دىنىدىكى پۈتۈن مەزھەپلەر باش كىيىمسىز ناماز ئوقۇشنى ھېچبىر گۇناھ ياكى يېتەرسىزلىك دەپ قارىغان ئەمەس. بىراق ھەنەپى مەزھىبىدە باش كىيىمسىز ناماز ئوقۇش مەكرۇھ بولىدۇ. پەقەت ئۆزرۈ سەۋەبىدىن باش كىيىمسىز ناماز ئوقۇسا گۇناھ بولمايدۇ دېيىلگەن. ئەمما باش كىيىمسىز ئوقۇسا ھېچ ۋەقەسى يوق دەيدىغانلارنىڭ دەلىلى كۈچلۈكتۇر.

**— ھاراق ئىچىدىغان ئادەمنىڭ ئوقۇغان نامىزى مەقبۇل بولامدۇ؟**

— ناماز ئوقۇش ھەر قانداق مۇسۇلمان، ئاقىل، بالىغ كىشىلەرگە پەرزدۇر. پەرزنى تەرك ئەتكەن كىشى ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىغا يولۇقىدۇ. ھاراق ئىچىش بولسا ئاللاھ تائالا ھارام قىلغان ۋە قەتئىي چەكلىگەن يامان ئىشتۇر. ئاللاھ تائالانى تونۇپ، ئۇنىڭغا قۇلچىلىق قىلىش ئۈچۈن ناماز ئوقۇغان كىشىنىڭ ھاراق ئىچىش ۋە باشقىمۇ چەكلەنگەن ئىشلاردىن توسۇلىشى لازىم. چۈنكى بۇ ئىماننىڭ تەقەززاسىدۇر. ئەمما ھاراق ئىچىدىغان كىشى مەسلىك ھالىتىدە ئەمەس، بەلكى ئويغاشالغاندىن كېيىن كامىل تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇسا، ئۇنىڭ ئوقۇغان نامىزى مەقبۇل بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىچكەن ھارىقى ئوقۇغان نامىزىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ. چۈنكى گۇناھ گۇناھقا، ساۋابلىق ساۋابلىققا يېزىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ھەر ئىككىسىگە ئاساسەن ئايرىم مۇكاپات ۋە جازا بېرىدۇ. نامازنى ھەقىقىي توغرا رەۋىشتە خالىس ئوقۇغان كىشى ھاراق ئىچىشتىنمۇ توسۇلىدۇ.

**— ئۆلۈككە ئاتاپ ئوقۇغان «قۇرئان»نىڭ ساۋابى ئۇنىڭغا يېتەمدۇ؟**

— ئۆلۈكنىڭ روھىغا ئاتاپ «قۇرئان» ئوقۇغان كىشى «قۇرئان» ئوقۇغىنىغا ھەق ئالماسلىقى ۋە ئۆلگۈچىنىڭ مۇسۇلمان ھالىتى بىلەن ئۆلگەن بولىشى شەرتى بىلەن، «قۇرئان» ئوقۇپ ئۇنىڭ ساۋابىنى ئۆلۈككە ئاتىسا ئۇنىڭغا يېتىدۇ. ئەگەر «قۇرئان» ئوقۇغىنىغا ھەق ئالغان بولسا ياكى ئۆلۈك مۇسۇلمان بولمىسا، ئۇنىڭ «قۇرئان» ئوقۇغىنىغا ھېچقانداق ساۋاب بولمايدۇ. نەتىجىدە ئۆلۈككىمۇ ھېچ نەرسە يەتمەيدۇ. چۈنكى يوق ساۋاب ئۆلۈككە يەتمەيدۇ ـ دە. شۇنىڭدەك، ئۆلۈك مۇسۇلمان بولمىسا ئۇنىڭغا ئوقۇغان «قۇرئان»نىڭ پايدىسى يوق. ئەگەر «قۇرئان»نى خالىس ئاللاھ تائالا ئۈچۈن ھەق ئالماي ئوقۇغان بولسا، ئۇنىڭغا ساۋاب بېرىلىدۇ. بۇ ساۋابنى ئۆلۈككە ئاتىسا بولىدۇ ۋە يېتىدۇ.

**مۇھەممەد يۇسۇف**